# 222445 - رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ كاپارىتىنى ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا بېرىش توغرىسىدا

## سۇئال

مېنىڭ تۇل قالغان هاممام بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىم مەنبىيى يوق، بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەرگەن ئىقتىسادى ياردىمى بىلەن ئۆزى يالغۇز ياشايدۇ. مېنىڭ يەنە بىر تاغام بولۇپ، ئايلىق ئالغان پۇلى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، ئىككىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ، مېنىڭ سوئالىم: ئون سەككىز كۈنلۈك رامزاننىڭ قازا روزىسىنى كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ كاپارىتىنى ئۇلارغا بەرسەم توغرا بولامدۇ؟، ئۇلارغا قانچىلىك مىقداردا ۋە قانداق شەكىلدە بېرىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

1- رامزاننىڭ قازا روزىسىنى كېچىكتۈرگەن ئادەم تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدىن خالى بولالمايدۇ:

بىرىنچىسى: ئۆزۈرلۈك بولۇپ كېچىكتۈرىدۇ. بۇنداق ھالەتتىكى كىشىلەر پەقەت شۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلسىلا بولىدۇ، باشقا كاپارەت كەلمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرىدۇ، بۇنداق ھالەتتە ئۇ كىشىگەروزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە كاپارەت لازىم بولىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى.

بەزى ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىككىنچى قاراشنى قوللاپ، روزىنىڭ قازاسىنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرگەنلىككە تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارغا كاپارەت كېرەك بولمايدۇ دەيدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى 26865-ۋە 122319- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

2-رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىككە كاپارەت كېلىدۇ دېگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، چىقىرىدىغان كاپارەت نەخ پۇل بولماستىن بەلكى يېمەكلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى: ھەر كۈن ئۈچۈن بىر پەقىرگە يېمەك بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سىز رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى بەك كېچىكتۈرىۋەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىڭ. سىز رامزاندا بۇزۇۋەتكەن روزىلارنىڭ قازاسىنى يەنە بىر رامزان

كېلىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىڭ. ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان يۇرتتىكى كىشىلەر كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان خورما، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكتىن بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سا يەنى بىر يېرىم كىلو ياكى ئىككى كىلو مىقداردا يېمەكلىك بەرسىڭىزبولىدۇ. ھەممىسنى بىر كەمبەغەلگە بەرسىڭىزمۇ دۇرۇس بولىدۇ." ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى" 15-توم 341-بەت].

ئەگەر ھامىلىڭىز ياكى تاغىڭىز ئېھتىياجلىق كىشلەردىن بولسا، كاپارەتنى ئۇلارغا بەرسىڭىز باشقا كىشىلەرگە بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. سىزنىڭ قازا روزىلىرىڭىز ئۈچۈن بېرىلىدىغان كاپارەتنىڭ مىقدارى 27 كىلودىن 30 كىلوغىچە گۈرۈچ بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.